مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

# گۈلدەك ئائىلەم



تەھرىر: مېھرىگۈل مۇسا

كوررېكتور: باتۇر قاراخانلى، ئابدۇرېھىمجان

رەسسام: گۈلناز تۇرسۇن، مەسئۇدە ئابدۇۋەلى

رەسىم لايىھەلىگۈچى: ۋارىس

بەت لايىھەلىگۈچى: باتۇر قاراخانلى

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى نەشر قىلىپ تارقاتتى

# گۈلدەك ئائىلەم

## My Uyghur Home

by Abduweli Ayup

ISBN:978-82-94017-03-4

2024-يىلى ئاۋغۇست بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە



# مۇندەرىجە


بەزمە ـ مەشرەپ قىلىمىز .......................... 2

شوخ بالامەن نۇر چىراي .......................... 4

گۈلدەك خۇيىمىز .......................... 6

ئوماق، تاتلىق بالىۋاي .......................... 8

مىجەزى چۇس دادىۋاي .......................... 10

سانلار .......................... 13

شەپەرەڭ قانداق رەڭ؟ .......................... 15

شاكىلات ئەپبەر .......................... 18

ھەپتە ھەققىدە قوشاق .......................... 20

جۇمەلىك بازار .......................... 23

ئۇرۇمچىدە بىغىم بار .......................... 25

يۇلتۇزنى ماكان ئەتتى .......................... 27

ئاپاچ ۋە ئۇيغۇر بولاق .......................... 30

چىقىدۇ قۇياش .......................... 39

پوچىلار .......................... 41

كۈشەندە .......................... 43

بىلىقىم .......................... 45




ئېرىنچەك قوڭۇر قورۇت ........................ 47
كەكلىك قايتىپ كەلدى ........................ 56
بىزنىڭ ئەلدە ................................ 67
تارىم دەرياسى ................................ 69
ئېرتىشنىڭ ئامالى ............................. 72
توشقان دەرياسى ............................. 77
مارال بېشى ................................. 79
ئۆيغۇرباغ .................................... 80
ئۈچ لاپچى .................................... 86
مەن كەلدىم ................................. 94
شوخ باللار قاناتلىق .......................... 96
تىلىم تېپىشماق ............................. 97
مەسەل جىن ................................... 99
شەرق قارايدى ............................... 101
كۆكتە ئۈچقان قارلىغاچ ........................ 103
گەپدان ئۆردەكلەر .......................... 105

# بىزنىڭ ئۆي



# بەزمە-مەشرەپ قىلىمىز

دەرۋازام قوش قاناتلىق،
چوڭ كوچاغا قاراقلىق،
گۈل ئويۇلغان ھەر قانات،
كېشەكلەر لاي سۇۋاقلىق.

ھويلام ئۈزۈم باراڭلىق،
كارىۋاتلىق، پېشايۋانلىق،
گۈل پۇرايدۇ ھەر تەرەپ،
باغچام گۈللۈك، رەيھانلىق.



ئۆيۈم دائىم سەرەمجان،
مول تىز بىلغان داستىخان،
بەزمە-مەشرەپ قىلىمىز،
كېلىپ قالسا دوست-ياران.



# شوخ بالامەن نۇر چىراي

ئاق پىشماقمەن ئاق تەنلىك،
ئىشتا پىشقان ساق تەنلىك.
«ئۇچار گېلەم» توقۇغان،
ساپ ئۇيغۇرمەن خوتەنلىك.



سۇنئىي ھەمراھ ساناقلىق،
ئالەم كېمە پالاقلىق.
جاھاننى كېزەي دەيمەن،
«ياغاچ ئېتىم» قاناتلىق.

يۇرتۇم مېنىڭ ئاق ساراي،
دۇنيادىكى تاق ساراي.
ئاق سارايىنىڭ ئەركىسى،
شوخ بالامەن نۇر چىراي.



# گۈلدەك خۇيىمىز

ئانام چىمەنگۈل،
ئاچامدۇر گۈلەم.
ئۇلار بولغاچقا،
گۈلدەك ئائىلەم.

سىڭلىم شېرىنگۈل،
شېرىن تىنىقى.
ئىچىم كۆيىدۇ،
چۈچۈك قىلىقى.



هاۋادەك ئوچۇق،
هاممام هاۋاگۈل.
قاپاق تۈرمەيدۇ،
رەنجستمەك تۈگۈل.

دادامدۇر باغۋەن،
گۈلزار ئۆيىمىز.
چېهر ىمىز ئوچۇق،
گۈلدەك خۇيىمىز.



# ئوماق، تاتلىق بالىۋاي



ئوماق، تاتلىق بالىۋاي،
قىلغان ئىشى چالاۋاي.
دوپپاسى بادام گۈللۈك،
كىيگەن كۆينەك كانۋاي.

ئوماق، تاتلىق بالىۋاي،
قولى مەينەت قارىۋاي.
نېمە كۆرسە يەۋالار،
پاكىز-مەينەت ئايرىماي.



ئوماق، تاتلىق بالىۋاي،
دەيدۇ بازار ئارىلاي.
ئويۇنچۇق ئەپ بەر دەيدۇ،
ئۆيدە بارنى ئوينىماي.

ئوماق تاتلىق بالىۋاي،
قىلىقىدىن ئايلىناي.
ئۇخلىمايدۇ كەچ بولسا،
بىرەر چۆچەك ئاڭلىماي.



# مىجەزى چۈس دادىۋاي

كېچە ئىشلەر ئۇخلىماي،
مېنى پات-پات يوقلىماي.
تىرىق-تىرىق خەت باسار،
مىجەزى چۇس دادىۋاي.

بەزى كەچتە، سەھەردە،
يۈرۈپ باشقا شەھەردە.
ئۆيگە كېلەر مېھماندەك،
مىجەزى چۇس دادىۋاي.





كومپيوتېر ئالدىدا،
نېمه دەرد بار كاللىدا.
چۈشەنمەيدۇ كۆڭلۈمنى،
مىجەزى چۇس دادىۋاي.



# سانلار، كۈنلەر ۋە رەڭلەر



# سانلار

بٮر، ئٮككى، ئوٰچ، تۆت،
يولدٮن ساقلاپ ئۆت.
قٮزٮل چٮراغدا،
ئۆتمە، توختا، كوٰت.

بەش، ئالتە، يەتتە،
قالما غەپلەتتە.
يېشٮل يېقٮلسا،
ئۆت شوُ پوُرسەتتە.



سەككىز، توققۇز، ئون،
يولدا يوق ئويۇن.
يولدىن ئۆتكەندە،
بولمايلى ھورۇن.



# شەپەرەڭ قانداق رەڭ؟

كۆلرەڭ قانداق رەڭ؟
كۆلگە ئوخشايدۇ.
هالرەڭ قانداق رەڭ؟
گۈلگە ئوخشايدۇ.

قارا كۆك رەڭنى،
نىلرەڭ دەيمىزكەن.
تەشتەكتەك رەڭنى،
گىلرەڭ دەيمىزكەن.

هاۋا ئېچىلسا،
ئاسمان زەڭگەررەڭ.
هاۋا تۇتۇلسا،
كۆك بولار بەدرەڭ.

قېنىق قىزىلنى،
دەيمىز بېغىررەڭ.
زېغىردەك رەڭنى،
دەيمىز زىغىررەڭ.

مېغىزدەك رەختنى،
دەيمىز مېغىزرەڭ.
سۇس سارغۇچ توننى،
دەيمىز سېغىزرەڭ.

هاۋا هاۋرەڭ،
ماشتەكلا ماشرەڭ.
قايسى شەپكەدەك،
بولار شەپەرەڭ؟



# شاكلات ئەپبەر

مۇٰگدەك دۇٰشەنبە،
سالماق سەيشەنبە.
كۇٰتسەم كەلمەيسەن،
مىس-مىس چارشەنبە.

پەيزى پەيشەنبە،
جۇٰمەگە كەپ بەر.
شېكەر شەنبەدە،
شاكىلات ئەپ بەر.



يەكشەنبە يەكسەن،
ئاخىرقى ئارام.
ئازىراق ساقلايلى،
كېلىدۇ بايرام.



# ھەپتە ھەققىدە قوشاق

دوغ ساتىدۇ دۈشەنبە،
سۇ ساتىدۇ سەيشەنبە.
يازدا سودا بەك ئاۋات،
چاي ساتىدۇ چارشەنبە.

پەيشەنبە پۇل بەر دەيدۇ،
بەر دەر شەنبە، يەكشەنبە.
بىر جۈمەلا مە دەيدۇ،
سىڭلىڭغا سوقماق ئەپ بەر.



مە، دېگەنگە ئامراقمەن،
ھەر جۈمەدە مە دەيمەن.
بوۋام بەرسە جۈمەلىك،
سىڭلىم بىلەن خەجلەيمەن.



# ئامراق مەھەللەم



# جۈمەلىك بازار

سۇۋادان تېرەك،
سايە تاشلىغان.
ئېرىقتا سۇلار،
قىنىغا پاتمىغان.

ئۆيلەر رەتمۇرەت،
باغلارمۇ تۇتاش.
بوۋاي مومايلار،
كوچادا مۇڭداش.



جۈمەلىك بازار،
مەسچىتنىڭ يېنى.
باللار ئوينار،
يايرايدۇ جېنى.



# ئۈرۈمچىدە بېغىم بار

ئۈرۈمچىدە بېغىم بار،
يولدىن ئۆتكەن قارايدۇ.
مېھمان بولۇپ كىرگەنگە،
مۇساپىرغا يارايدۇ.

ئۈرۈمچىدە بېغىم بار،
ئالما، ئانار، شاپتۇللۇق.
لالە، رەيھان پۇرايدۇ،
مومام تىزغان بىر قوللۇق.



ئۈرۈمچىدە بېغىم بار،
بۇلبۇل، كاككۇك، تورغايلىق.
بوۋام باقسا سايرايدۇ،
ناخشا ئېيتىپ چىرايلىق.

ئۈرۈمچىدە بېغىم بار،
ھاممام، تاغام-تېغىم بار.
كېپىنەككە دوست بولۇپ،
خۇشال ئۆتكەن چېغىم بار.



# يۈلتۈزنى ماكان ئەتتى

قۇياش بىلەن تەڭ قوپقان،
بىر توپ بالا يىغىلدى.
بەيگە قىلىپ چېپىشقا،
سەپ-سەپ بولۇپ تىزىلدى.

ئاداش بولۇپ، قوش بولۇپ،
قوشۇن بولۇپ، خوش بولۇپ.
بەيگىسىنى باشلىدى،
«ئات» تا بەردەم ئولتۇرۇپ.



دوستلار هاردى تاغ ئاشماي،
قورساق ئاچتى «ئات» چاپماي.
ئاپتاپ ئۆچتى، كۆن ئۆچتى،
مۆكتى قوياش نۇر چاچماي.

دوستلار كەتتى ئۆيگە،
لەغمەن، پولو تۆۋگە.
نەغمە قىلدى توقلۇقتا،
ئاق توشقاننىڭ كۆيگە.



قورساق توقلاپ باللار،
ئۇيقۇ شەھەرىگە كەتتى.
چۈشىدە تۇلپار مىنىپ،
يۇلتۇزنى ماكان ئەتتى.



# ئاپاچ ۋە ئۇيغۇر بۇلاق

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر توپ ئۇيغۇرلار ھەجگە بارماقچى بوپتۇ. ئۇلار قۇمۇلدىن ئات، تۆگە ۋە ئېشەكلەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

كارۋان بۇخاراغا كەلگەندە ئاتلار ئۈركۈپتۇ. كىشىلەر چۈشۈپ قارىسا يولدا يۈزىنى قوۋزاقتەك قورۇق باسقان، قولدا تەسۋى تۇتۇپ ياتقان بىر مومايكەن. ئۇ ناھايىتى ئاجىز، ئورۇق ۋە كېسەلمەن ئىكەن.

كارۋانغا باش بولغان يىگىت دەرھال بېرىپ مومايىنى يۆلەپتۇ. باشقىلارمۇ ئەھۋال سوراپتۇ. موماي يولۇچىلاردىن بىر نان، بىر تاۋاق سۇ تىلەپتۇ.



موماي سۇنى ئىچىپ، ناننى يەپ، يەپ تويماپتۇ. هازا ئېچىپ يىغلاپتۇ، يىغلاۋېتىپ بارماقلىرى ئارىسىدىن ماراپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئاپاچ ئىكەن.

ئاپاچ يىللار بۇرۇن هەجگە ماڭغاندا يولدا ئاغرىپ قالغانمىش، سەپەرداشلار ئۇنى تاشلاپ كەتكەنمىش. شۇندىن بۇيان ئاچ ياتقانمىش.

كارۋان ئاپاچنى هەجگە ئاپارماقچى بوپتۇ. ئەمما ئاتقا مىندۈرەلمەپتۇ. سەپەرچىلەر ئاپاچقا: -بىر ىمىزنى تاللاپ هاپاش بولغىن!- دەپتۇ.



ئاپاچ سىنچىلاپ قاراپ، ئەڭ ياش، قاۋۇل كارۋانچى يىگىتنى تاللاپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېڭىشكەن ئىكەن، كېسەلچان كۆرۈنگەن ئاپاچ بىر ئىرغىپلا ھاپاش بوپتۇ.

كارۋانچى ئاپاچنى يۈدۈپ ئاتقا مىنىپتۇ. ئات قانچە تېز چاپسا ئاپاچمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە چىڭ چاپلىشار ئىكەن، داۋانلاردا مەھكەم گىرە سالار ئىكەن.

كارۋانچى يىگىت سەپەردە تەرلەپ، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئەمما ئاپاچ بىر چاپلاشقانچە ياتقان، قوپقان، ئۇخلىغان، ئويغانغان، ھاجەت قىلغان، تاماق يېگەن چاغدىمۇ چۈشمەپتۇ.



ئاخىرىدا كارۋان مەككە شەھرىگە يېتىپتۇ، بىراق ئاپاچ ھەر قانچە سىلىق يالۋۇرسىمۇ چۆشمەپتۇ. ئۇنى سىلكىپتۇ، كارغا كەلمەپتۇ.

يىگىت ھەجدە ئاپاچتىن قۇتۇلماق ئۆچۆن تىكەنگە يۇمۇلايدىكەن، سۇغا سەكرەيدىكەن، ئوتتىن ئاتلايدىكەن، ئەمما ئاپاچنى دۆمبەسىدىن چۆشۆرۆپ بولالمايدىكەن.



يىگىت ھەجدىن ئاپاچنى يۆدۆپ قۇمۇلغا قايتىپ كەپتۇ. ئالدىغا چىققان ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنى تونۇماي قاپتۇ. ئۇ ئورۇقلاپ، سارغىيىپ، ئاجىزلاپ كەتكەن ئىكەن.



يىگىت ئاپاچنى يۈدۈپ ئۆيىدە تۇرالماپتۇ، سىرتقا چىقالماپتۇ. كۆرۈمسىز ئاپاچ بىلەن گالدىن تاماقمۇ ئۆتمەپتۇ، قولى ئىشقا بارماپتۇ.

ئاپاچ بارغانچە سەتلىشىپ كېتىپتۇ، تاماق يىمەس، قان ئىچەر بولۇۋاپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ دۈمبەسىنى يالاپ قېنىنى ئىچەر ئىكەن.



كارۋانچى يىگىت بىر كۈنى چارە ئىزدەپ يىراققا كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا ماڭا قار قاپلىغان بىر داۋانغا كەلگەندە بىر ئاق جۇۋا كىيگەن، ئاق ساقاللىق بوۋايغا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى مۇزتاغ ئاتا ئىكەن. ئۇ يىگىتنى قەشقەرگە بېرىشقا، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر بۇلاققا بېرىپ يۇيۇنۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئاپاچنى پەقەت شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىلا چۈشۈرەلەر ئىمىش.

يىگىت ئۇزۇن يول يۈرۈپ قەشقەرگە، بوۋاي ئېيتقان ئوپالئارت دېگەن تاغ باغرىغا كەپتۇ. ئۇيغۇر بۇلاق شۇ يەردە ئىكەن. ئۇ بۇلاققا بىرلا سەكرەپ چۈشكەن ئىكەن ئاپاچ راستىنلا غايىپ بوپتۇ.

شۇندىن كېيىن ھەجگە ماڭغانلار ئاپاچلاردىن قورقماس



بوپتۇ. ئۇلار يانار يولدا ئۇيغۇر بۇلاقتا يۇيۇنۇشنى ئادەت قىپتۇ. شۇندىن كېيىن كىشىلەر چەتئەللەردىن، يات تۇپراقلاردىن بىرەر يوچۇن كېسەلنى يۇقتۇرۇپ كەلسە، ئۇيغۇر بۇلاقتا يۇيۇنۇشقا كۆنۈپتۇ.

هازىرقى هاپاش ئەتمەك، هاپاش قىلماق دېگەن سۆزلەر شۇ ئاپاچ ئاتالغان رودۇپايدىن قالغان ئىكەن.



# پىچىرلايدۇ تەبىئەت



# چىقىدۇ قۇياش

شىلدىرلايدۇ سۇ،
شىۋىرلار ئورمان.
لەپىلدەيدۇ قار،
تىمىسقىلار تۇمان.

لاۋۇلدايدۇ ئوت،
ئىسقىرتار شامال.
پىچىرلار يۇلتۇز،
چاقماقلار يال-يال.



زېمىن تاۋۇشسىز،
ئاسمانغا ئوخشاش.
ئۈنسىز، ساداسىز،
چىقىدۇ قۇياش.



# پوچلار

قاغا تامدا،
ئېيتىپ ناخشا.
دەرمش مەنلا،
چن پادشاھ.

توخۇ تۇغۇپ،
بر تال تۇخۇم.
دەرمش دورا،
چچقان پوقۇم.



مۈشۈك تۆردە،
يانچە يېتىپ.
چۈش كۆرەرمىش،
يولۋاس ئېتىپ.

چاشقان كاتتا،
كىرىس، كىرىس.
مۈشۈكلەرگە،
قىلار خىرىس.





# كۈشەندە

قۇشقاچ تامدا،
ۋىچىر، ۋىچىر.
مۈشۈك پايلار،
تىپىر-تىپىر.

كاككۇك كۈلسە،
كاككۇك، كاككۇك.
مولۇنلار دەر،
ئوزۇق تاپتۇق.



قۇشلار شۇنداق،
سايراش ئىمىش.
كۆشەندىلەر-
پايلار ئىمىش.

# بێلىقىم

بێلىقىم، هەي بێلىقىم،
بەدەنلەرى سىلىقىم.
سوُغا چۆكسەم سەن بىلەن،
يێتىشمىدى تىنىقىم.

بێلىقىم، هەي بێلىقىم،
بوينى كێسىك يێرىقىم.
ئۇزمىدىڭغوُ مەن بىلەن،
ياقمىدىمۇ قىلىقىم؟



بېلىقىم، ھەي بېلىقىم،
سۇدا ماھىر بېلىقىم.
بەسلىشىدۇ سەن بىلەن،
ئۈزسە قەغەز قېيىقىم.



# ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت



قوڭۇر قۇرۇت ئېرىنچەك ئىدى، ئۆرۈكتىن تاپقان بىر كامىردا ياشايتتى. كامىردىن چىقىپ ئوزۇق ئىزدەشكە ئېرىنەتتى. يېتىپ يېسەم، ئوزۇق ئىزدەپ چىقمىسام دەيتتى. ئۇنى باشقا قۇرۇتلار ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت دەيتتى.

ياز كەلدى. ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ھەركۈنى ئۇخلار، كامىردىن چىقماس ئىدى. ئۇ يامغۇر ياغسا نەم دەپ چىقمايتتى. كۈن چىقسا قۇرغاق دەپ چىقمايتتى.

ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت بارغانچە ئورۇقلاپ ھەممە قۇرۇتلاردىن ئورۇق بولۇپ قالدى. ئۇنى ئەمدى باشقىلار ئېرىنچەك ئورۇق قوڭۇر قۇرۇت دەيدىغان بولدى.



يازنىڭ بىر كۈنى، ئېرىنچەك ئورۇق قوڭۇر قۇرۇت ئاچلىقتا چىدالمىدى. ئۆرۈك يېگۈسى كېلىپ كاماردىن ئۆمىلەپ چىقتى، ئەمما ئۆرۈككە چىقىشقا ئېرىندى. قوۋزاقتا چاپلىشىپ ياتتى.

ئېرىنچەك، ئورۇق، قوڭۇر قۇرۇت بىرەر ئۆرۈك چۈشۈپ قالار دەپ ساقلىدى. ئۇ: ئۆرۈك دۈمبەمگە چۈشسە ئۆلۈپ قالارمەنمۇ؟ ئۆرۈكنى يەپ بولالماي قانداق قىلارمەن، دەپ



غەم يېدى. ئۆرۆك چۈشمىدى. قورساق يەنە ئاچتى.

ئىرىنچەك، ئورۇق قوڭۇر قۇرۇت بىر سويام سويلىدى، ئۆرۆك تاپالمىدى، بىر غىرىچ سويلىدى يەنە تاپالمىدى. بىر غۇلاچ سويلاپ ھالىدىن كەتتى، ئەمما ئۆرۆك يەنە كۆرۈنمىدى.

ئىرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ئۆرۆكتىن پەسكە سويلىدى. يەرگە چۈشتى، ئەتراپقا باقتى-دە بىر ئۆچكەنى كۆرۈپ قالدى.

ئىرىنچەك، ئورۇق قوڭۇر قۇرۇت ئۆچكەنى تەشتى. ئۆچكەنىڭ ئىچى سىلىق، پارقىراق، بەكمۇ ئىللىق ئىدى. ئىچىدە مېغىز بار ئىدى.



ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ئورۇق قۇرۇت: «مانا تاپتىم، يېتىپ يەي!»- دەپ توۋلىدى. مېغىزنى پۇراپ ئۆزىچە «ئېرىنچەك بولغانمۇ يامان ئىش ئەمەس» دەپ غۇدۇراپ قويدى. شۇندىن كېيىن ھەر كۈنى ئاپئاق، يۇمشاق، ياغدەك مېغىزنى يەپ يەپ تويمىدى.

ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ھەر كۈنى يەپلا ئۇخلىدى. ئويغانغاندا يەنە يېدى. قوپماي يەۋەردى. مېغىز قوڭۇر قۇرتنى سەمرىتتى.

ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت پارقىراپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا تالادا ئوزۇق ئىزدەش يوق، توڭلاش يوق، قۇشقاچلاردىن قورقۇشمۇ يوق ئىدى.





ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت «مەن ئەمدى ئوزۇق تاپالمايدىغان ئورۇق قۇرۇت ئەمەس، يېتىپ يەيدىغان شاھ قۇرۇت!» دەپ سۆيۈندى.

ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت يوغان قورساق سالدى، ئۇزۇن بۇرۇت ئۆستۈردى.

ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت زېرىكتى. تالاغا چىققۇسى كەلدى. ئۇنىڭ يوپۇرماق يېگۈسى، سويلىغۇسى، ھاۋانى پۇرىغۇسى، گۈللەرنى كۆرگۈسى كەلدى.

چاتاق بولدى! ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ئۆزى كىرگەن تۆشۈككە پاتمىدى.



ئۇ تۆشۈكنىڭ ئالدىدا شۈنچە ئۇرۇنۇپ بۇرۇتلارنىلا چىقىرالىدى. تۆشۈكنى چوڭايتىشقا كۈچى يەتمىدى.

ئىرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ھەر كۈنى كۈندۈزدە تۆشۈكتىن بۇلۇتنى، تۇماننى، كۈننى كۆرمەكچى بولۇپ قارىدى. كەچتە ئاينى ۋە يۇلتۇزلارنى كۆرەي دەپ مارىدى. تۆشۈكتىن ھەممە نەرسە كىچىك كۆرۈنەتتى. ئاي، كۈن ۋە ئاسمانمۇ كىچىكلەپ كەتكەن ئىدى.

ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت ھەر كۈنى تۆشۈككە قاراپ، شامالنى، گۈللەرنى، تۇپراقنى پۇراپ ياتتى.



بىر كۈنى، ئېرىنچەك قوڭۇر قۇرۇت تۆشۈككە بېشىنى پاتقۇزالىدى-دە بىر كۈچەپلا چىقىۋالدى. ئۇ شۇ چىققانچە يىراققا قاچتى. شۇندىن كېيىن ئۈچكەگە ئوخشايدىغان ھەر قانداق نەرسە كۆرسە قاچىدىغان بولدى.



# كەكلىك قايتىپ كەلدى

بۇرۇن بىر تاغ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى كۆكتاغ ئىكەن. كۆكتاغدا كەكلىك، كەپتەر، قاراغوجا، قىرغاۋۇل، قۇشقاچ، سېغىزخان، پاختەك ۋە كىرپە ياشايدىكەن. ئۇلار يېقىن دوست ئىكەن. يىراقلارغا ئۇچۇپ ئوينايدىكەن. پەقەتلا يۇۋاش كىرپە قۇشلاردەك ئۇچالماي، يىراقلارغا بارالماي دائىم ئويۇنلاردىن قالار ئىكەن.

قۇشلارئورماندا بەزمە قىلغاندا كىرپە پوستتا تۇرار ئىكەن. ئۇلار شاخلاردا ناخشا ئېيتقاندا كىرپە يەردە ناغرا چالار ئىكەن. ئۇلار ئوۋغا چىققاندا يول باشلار ئىكەن.



بىر كۈنى، سىغىزخان كۆكتاغدا بىر مولۇننى بايقاپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال باشقا دوستلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ھەممەيلەن ئۇۋۋا، چاڭگاللارنى كۆچۈرۈپتۇ. ئۇششاق باچكا، چۆجەلەرنى يۆتكەپتۇ.

كەكلىكنىڭ باچكالارى ئەڭ كۆپ ۋە ئۇششاق ئىكەن. ئۇلارنى كۆچۈرۈشكە يېڭى ئۇۋۋا تېپىش تەس بوپتۇ. ئۇ سەھەردىن باشلاپ ئورۇن ئىزدەپتۇ. ئۇ ئاۋال ئورمانغا بېرىپتۇ. ئورماندا ئۇنچە كۆپ باچكاغا بىر دەرەختىن ئۇۋۋا چىقماپتۇ.



كەكلىك تاغلارغا بىرىپتۇ. ئۇ يەردىمۇ چاڭگا تىزىشقا ئورۇن چىقماپتۇ. بوش دەرەخلەرگە، كامارلارغا كەپتەر، بۆدۈنە ۋە پاختەكلەر ئۇۋۋا سېلىپ بولغان ئىكەن.

كەكلىك باغلارغا بىرىپتۇ. ئۇ يەردە تورغاي، كاككۇك، سۇڭگۈلاچلار چاڭگا ياساپ بولغان ئىكەن. كەكلىككە بوش جاي چىقماپتۇ، چىققان يەر كىچىك كەپتۇ.



کەکلىك تولا قاتراپ ھېرىپتۇ. ئۇ کەچ کىرگەندە کۆکتاغدىکى ئۇۋاسىغا قايتىپ کەپتۇ. قارىسا باچکالارى يوق، ئەتراپتا قان ئىزى، ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇششاق پەيلەر تۇرغان.

ئانا کەکلىك بۇقۇلداپ يىغلاپتۇ، ۋاقىلداپ سايراپتۇ، قانات-قۇيرۇقلارنى يۇلۇپتۇ، ئازابتىن ئۆزىنى دەرەخلەرگە ئۇرۇپتۇ.

ئانا کەکلىك قىساس ئالماقچى بوپتۇ. ئۇ مولۇننى ئىزدەپ ئۇچۇپتۇ، ئۇيان قاراپتۇ، بۇيان ماراپتۇ. ھېچ يەردىن مولۇن تېپىلماپتۇ.



ئانا كەكلىك مولۇننى ئىزدەپ تاغقا چىقىپتۇ، سايغا بېرىپتۇ، باغقا كىرىپتۇ، سازنى كېزىپتۇ، ئەمما ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. مولۇننى ئىچىدە مىڭنى قارغاپتۇ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپتۇ.

ئانا كەكلىك مولۇننى تاپالماي ئۇۋاسىغا قايتىپ كەپتۇ. چېچىلىپ ياتقان پەيلەرنى قايتا-قايتا ھىدلاپتۇ. باچكىلارنى ئەسلەپ بۇقۇلداپ يىغلاپتۇ. ئاندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇ كەتكەنچە كۆز يەتمەس يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



شۇ كۈنى، سبغىزخان كۈن قايىرىلغاندا كەكلىكنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇ كەكلىكنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ياتقان قان يۇقى پەيلەرنى كۆرۈپلا بىر شۇملۇقنى تۇيۇپتۇ.

سبغىزخان ئەتراپتا يۈرگەن قۇشلاردىن:

*قاناتلىقلار، ئۇچقۇرلار،*

*كەكلىك كەتتى قاياققا؟* - دەپ سوراپتۇ. قۇشلار:

*بالا دەردى يامانكەن،*

*كەتتى تاغدىن ئۇزاققا!*- دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

سبغىزخان بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى شاخلارغا ئۇرۇپتۇ، پەيلىرىنى يۇلۇپ هازا ئېچىپ يىغلاپتۇ.

سبغىزخان قايتارىدا ئۆزىدىن بىر تال پەينى يۇلۇپ، كەكلىكنىڭ ئۆيىگە بەلگە قىلىپ سانجىپ قويۇپتۇ. ئاندىن دەرهال باشقا دوستلارغا خەۋەر قىلىشقا ئۇچۇپتۇ.



سېغىزخان شۇ ئۇچقانچە ئۇزۇن ئۇچۇپ كەپتەرگە ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ياۋۇز مولۇن كەپ كەتتى،
باچكىلارنى يەپ كەتتى.
بۇ ئازاپقا چىدىماي،
كەكلىك ۋاي دادا!- دەپ كەتتى.

ۋاي كەپتەرىم، ۋاي كەپتەر،
دەردىم ئېغىر ئۈنلەپ بەر.
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
نە ئامال بار، سۆزلەپ بەر.

كەپتەر بۇنى ئاڭلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپتۇ. پەي يۇلۇپ قايغۇرۇپتۇ. ئۇ دەرھال ئۇچۇپ كەكلىكنىڭ ئۇۋاسىغا بېرىپتۇ. ئۆزىدىن بىر تال پەينى يۇلۇپ ئۇۋاغا قاداپ قويۇپ قايتىپتۇ.



قىرغاۋۇل، قاراغوجا، پاختەك ۋە قۇشقاچلارمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھازا ئېچىپ يىغلاپتۇ. ئۇلارمۇ ئۆزىدىن بىر تالدىن پەينى يۇلۇپ كەكلىك ئۇۋاسىغا تىكىپتۇ.

قۇشلار كەكلىك ھەققىدە بىر-بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ كىرپەنى ئۇنتۇپ قالغان ئىكەن.

كىرپەگە خەۋەر يەتكەندە، ئۇ يىغلاپمۇ كەتمەپتۇ، قوشاقمۇ قوشماپتۇ، پەقەت كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ، كەكلىكنىڭ ئۇۋاسىغا بېرىپتۇ. قۇشلار قالدۇرغان پەيلەرنى بىر-بىرلەپ يۇلۇپ تىكىنىگە قاداپتۇ.



كرپه «مەن قايسى قۇشقا ئوخشاپ قالغاندىمەن؟»، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ خيالدا يانچۇقدىن ئەينەك چقرىپ قارسا، يا كەكلككە، يا سېغزخانغا، يا كەپتەرگە، يا قۇشقاچقا، يا قرغاۋۇلغا، يا پاختەككە ئوخشمايدىغان بر قۇشنى كۆرۉپتۇ.

كرپە بۇ هالدىن خوش بوپتۇ. ئۇ كۆڭلگە بر پلاننى پۉكۉپ كەكلكنىڭ ئۇۋاسغا كرىپ تۉگۉلۉپ يېتپتۇ. ئۇ مولۇنغا قۇشتەك كۆرۉنۉپ قساس ئالماقچى بولغان ئىكەن.

ئەتسى ئەتگەندە، مولۇن كەكلكنىڭ ئۇۋاسغا كەپتۇ. قارسا ئۇۋادا يا كەكلككە، يا كەپتەرگە، يا قرغاۋۇلغا، يا پاختەككە، يا قۇشقاچقا ئوخشمايدىغان توپتەك يۇمۇلاق بر قۇش تۇرغان ئىكەن. بۇنى كۆرۉپ مولۇننىڭ نەپسى تاقلداپتۇ.



مولۇنغا كىرپە ئەزەلدىن يەپ باقمىغان بىر قۇشتەك كۆرۈنۈپ ئاغزىدىن شۆلگەيلەر ئېقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئاغزىنى يوغان ئېچىپ «هاپ» قىلىپ قوشقا چىش سالپتۇ.

شۇ هامان مولۇنىنىڭ ئاغزى، تىلىغا تىكەن سانجىلىپ قاناپتۇ. مولۇن ئاغرىققا چىدىماي يۇمۇلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇرنىدىن، تىلىدىن، چىشىدىن قان، كۆزىدىن ياش توختىماي تۆكۈلۈپتۇ.

مولۇن بۇ ئازابقا چىدىماي كۆكتاغدىن قېچىپتۇ. ئۇ شۇ قاچقانچە يىراقلارغا ئۇزاپتۇ، نەچچە كۈن تىنماي قېچىپ كۆكتاغ كۆرۈنمەس يەردە غايىب بوپتۇ.

بۇ خەۋەر بىر دەمدە كۆكتاغقا پۇر كېتىپتۇ. قۇشلار ئۆمەك بولۇپ، تاغلار ئېشىپ كەكلىكنى باشلاپ كەپتۇ. كەكلىك ئۇۋاسىغا قايتىپ يەنە لىققىدە تۇخۇم بېسىپتۇ، تۇخۇمدىن يەنە نۇرغۇن باچكالار چىقىپتۇ.




تارىمنىڭ تىنىقى

# بىزنىڭ ئەلدە

بىزنىڭ ئەلدە تاغ تولا،
ئوينايدىغان چاغ تولا،
مەشرەپ قىلدۇق كېلىڭلار،
مېھمان بولار باغ تولا.

بىزنىڭ ئەلدە يايلاق كۆپ،
قوزا، تايچاق، تايلاق كۆپ،
توي ئوينايمىز كەلسەڭلار،
تويدىن كېيىن چىللاق كۆپ.



بىزنىڭ ئەلدە دەريالار،
باش قايدۇرار قىيالار،
قىيالاردىن چۈشەر سۇ،
چۈشكەندەك نۇر-زىيالار.

بىزنىڭ يېزا، شەھەردە،
هايات قاينار سەھەردە،
ئۇيغۇر ئىشچان، غەيرەتلىك،
بەللەر مەھكەم كەمەردە.



# تارىم دەرياسى

تاغدىن ساقىغان،
تاغقا قايتمايدۇ.
قاردىن ئۇرغۇغان،
قارغا قاچمايدۇ.

تاشتەك قاتمايدۇ،
سايغا ئاققانغا.
ئۇخلاپ قالمايدۇ،
چۆلدە ياتقانغا.



قوينىغا ئالار،
دەشت-باياۋاننى.
باغرىدا ئاسرار،
توغراق، ئورماننى.

ئۆگەن، يورۇڭقاش،
كېرىيە، كۆنچى.
قوشۇلار ئاڭا،
زورىيار كۈچى.



تارىم زېمىندا،
باغلار ئاشىدۇ.
باغرىدا گۈللەر،
چېچەك ئاچىدۇ.



# ئېرتىشنىڭ ئامالى

ئاق باش تەڭرىتاغ،
ئاتا خان ئىكەن.
ئۇزۇن چاچ تارىم،
ئانا جان ئىكەن.

ئۇلار قوينىدا،
ئۈرۈمچى، تۇرپان.
ھۇزۇر سۈرەركەن،
كىرورەن، پىچان.



بىر ياز زېمىندا،
ئىسسىپ هاۋالار.
ئۇسساپ كېتىپتۇ،
ئەركە بالالار.

تۇرپاننىڭ تىلى،
چاك-چاك بولۇپتۇ.
قەشقەرنىڭ لېۋى،
گەزگە تولۇپتۇ.

خوتەن يىغلىسا،
بىر تېمىم سۇ دەپ.
ئاقسۇ زارلاپتۇ،
مەندە يوق شۇ دەپ.





كورلا تووۋلاپتۇ،
قېنى قىز بىلسۇ؟
كۇچا ۋايساپتۇ،
قايدا سەن كۆكسۇ؟

ئىسمى سۇ بولغان،
بالاغا قاپتۇ.
ھەممە سۇ، سۇ دەپ،
بەك چالۋاقاپتۇ.

مۇڭلۇق تەڭرىتاغ،
ئويغا چۆكۈپتۇ.
چارەسىز تارىم،
ياشلار تۆكۈپتۇ.

ئېرتىش شىمالدا،
تاغلار ئېشىپتۇ.
ئوكياندىن سۇنى،
باشلاپ قېچىپتۇ.

بايرام بولۇپتۇ،
چۆچەك، ئالتايغا.
مېھمان تولۇپتۇ،
ئارتۇچ، قارامايغا.

سۇغا تولۇپتۇ،
ئىلى، يورۇڭقاش.
ئوقچۇپ ئېقىپتۇ،
تۈمەن بىلەن قاش.



تەڭرىتاغ قوينى،
تولۇپتۇ گۈلگە،
ھەر يەر، ھەر يۇرتتىن،
ياڭراپتۇ كۈلكە.

ئىزاھات: ئېرتىش دېگەندە ئېرتىش دەرياسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ دەريا شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ئېلىمىز چېگراسىدىن چىقىپ شىمالى مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ. ئۇ بىزدىكى دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان بىردىن بىر دەريا. كۆكسۇ، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قاش، يۇرۇڭقاش دېگەنلەر دەريالارنى كۆرسىتىدۇ.



# توشقان دەرياسى

توشقان دەرياسى،
دەيدۇ ھەممىسى،
دەريادا توشقان،
سۇدەك ئاقامدۇ؟

سۇلار توشقاندەك،
ئوقتىن قاچقاندەك،
ئىككى قىرغاققا،
جاننى ئاتامدۇ؟





توشقانلار چاپسا،
سۇدەك قوغلاشسا،
ئوۋچى قىرغاقتا،
ساقلاپ ياتامدۇ؟

توشقان دەرياسى،
كەڭرى سەيناسى،
توشقان بۆجەنگە،
قۇچاق ئاچامدۇ؟

# مارال بېشى

بۇ يۇرتنى دەيدۇ،
مارالنڭ بېشى،
مارال باقامدۇ،
بۇندا هەر كشى.

مارال دېگننڭ،
كېيك ئۇ چشى،
تاغدا ياشايدۇ،
ئوقتەك يۆگۆرۆشى.

يا خەق بۇ يەردە،
مارال ئاتقانمۇ،
مارالنڭ بېشى،
يەردە ياتقانمۇ؟



# ئۇيغۇر باغ

ئۇيغۇر دەپ باغ بار،
كېلىڭلار دوستلار.
ئۇ بەك چىرايلىق،
مېۋەزار، گۈلزار.

ھەر يۇرتتىن كەلگەن،
باغدىكى مېۋە.
خەقنى مارىتىپ،
قىلىدۇ جىلۋە.



قومۇلدىن قوغۇن،
ئاقسۇدىن ئالما.
ئىلىدىن كەلدى،
قىزىل تاشئالما!

باغنى قاپلىغان،
كورلا نەشپۈتى.
شاختىن مارايدۇ،
پىشماستىن تېخى.





تۇرپان ئۈزۈمى،
تۇرار باراڭدا.
ناشتاغا لايىق،
هەر كۈن، هەر تاڭدا.

چۈشلۈك تاماققا،
شاختا مانتا بار.
ئارتۇچ ئەنجۈرى،
شەربەتى تامار.

باغقا ياراشقان،
قەشقەر ئانارى.
خوتەندىن چىقار،
ياڭاقلار شاھى.





باغدا ئۇخشغان،
شاپتۇل، جىنەستە.
شاخقا پاتمايدۇ،
ئالۇچا، پىستە.



ئۇيغۇرباغ گۈزەل،
تىللاردا داستان.
پۈتۈن جاھانغا،
نامى تارالغان.

# ئۇچ لاپچى

قەشقەردە ئاشقىن، تاشقىن ۋە ئۇچقۇن دېگەن ئۇچ لەگلەكچى بار ئىكەن. ئۇلار بەكمۇ لاپچى باللار ئىكەن. ئۇلار دائىم بىزدەك لەگلەكچى يوق دەپ لاپ ئۇرار ئىكەن.

ئاشقىن، تاشقىن، ئۇچقۇنلار ياسىغان لەگلەكلەر بىر كۈنگە پايلىماي بۇزۇلار ئىكەن. ئۇلار ئۇچۇرغان لەگلەك ئۆگزىدىن ئاشمايدىكەن، مەھەللەدىن ئۇچۇپ چىقالمايدىكەن. ئەمما ئۇلار ئۆزىنى لەگلەك ياساشتا، ئۇچۇرۇشتا قالتىس دەيدىكەن.

بىر كۈنى ئاشقىن ئىككەيلەنگە: «بىز لەگلەكلەرنى بىكاردىن ئۇچۇرمايلى، خەت يېزىپ ئۇچۇرايلى، كىشىلەر تونۇپ قويسۇن!»- دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.



تاشقىن بۇنى ئاڭلاپ: «لەگلەكلەرگە قەشقەرنىڭ ئەڭ داڭلىق لەگلەكچىسى دەپ يازايلى»- دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇچقۇن دەرھاللا «ياق! بىز ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ مەشھۇر لەگلەكچىسى دەپ يازايلى!»- دەپتۇ.

بۇلارنى ئاڭلاپ پىسەنتىگە ئالماي ئولتۇرغان ئاشقىنمۇ بوش كەلمەي: «پۈتۈن قەشقەرلىك ئاللىقاچان بىزنى بىلىدۇ! ئۇيغۇردىنمۇ بىزنى تونۇمايدىغانلار قالمىدى، ئەمدى بىزنى دۇنيامۇ تونۇپ قويسۇن، جاھاندا ئەڭ نامدار لەگلەكچى دەپ يازىمىز!»- دەپتۇ.

ئۇلار لەگلەككە زادى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي، تالىشار، تالىشار توختاپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇلار تېخى خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، قەشقەردىن باشقا يەردە لەگلەكچى بارمۇ-يوقمۇ؟ بىلمەيدىكەن.



ئۈچەيلەن داڭلىق لەگلەكچى بارمۇ، يوقمۇ ئىزدەپ باقماقچى بوپتۇ. ئەگەر ھېچ بىر شەھەردە ئۆزىدەك لەگلەكچى چىقماي قالسا ئۆزىنى ئۇيغۇردا ئەڭ داڭلىق لەگلەكچى دەپ ئاتاشنى ئويلاپتۇ. ئەگەر چەتئەللەردە ئۇلاردەك نامدارلار بولمىسا ئۆزىنى جاھانغا داڭدار دەپ يازماقچى بوپتۇ.

بىر ئاپتاپلىق كۈنى ئاشىقىن، تاشىقىن ۋە ئۇچقۇنلار لەگلەكلەرنى دۈمبەسىگە تېڭىپ قەشقەردىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئارتۇچقا كەپتۇ. قوللارنى كاناي قىلىپ توۋلاپ يۈرۈپ لەگلەكچىلەرنى سۈتۈق بۇغراخان مەيدانىغا يىغىپتۇ. ئۇلار ئارتۇچلۇق بالىلارغا قاراپ مۇنداق لاپ ئۇرۇپتۇ:

*قەشقەردىن چىقتۇق ئۈچىمىز،*
*ئۈچ لەگلەكتە يۈكىمىز،*
*ئارتۇچتا لەگلەكچىنىڭ،*
*يوقى بولسا تۆكىمىز.*





ئارتۇچلۇق لەگلەكچى باللار:

قەشقەردىن كەپسلەر ئۇچىڭلار،
پاخپىيپتۇ تۇكۇڭلار،
ھېچ قالماپتۇ كۇچۇڭلار،
بىز ياسغان لەگلەكتە،
شەھىرىڭلارغا كېتىڭلار!- دەپتۇ.

ئاشقىن، تاشقىن ۋە ئۇچقۇن ئۇچەيلەن جاۋابىنى ئاڭلاپ تاڭ قاپتۇ. نېمە بولغاننى بىلەلمەي ئاسمانغا قاراپتۇ. ئاسماندا ئارتۇچلۇق باللار لەگلەكتە ئۇچۇپ يۈرگەن ئىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئۈچ لاپچى گەپمۇ قىلماي قېچىپتۇ. ئۇلار شۇ قاچقانچە ھېچ يەردە توختىماي، تاغلار ئېشىپتۇ. ئۇلار ئاقسۇغا بېرىپ سىنىشىپ باقماقچى بولغان ئىكەن.



ئاشقىن، تاشقىن ۋە ئۇچقۇن ئۈچى يەنە ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇلار بىر ئۇلۇغ دەريا بويىغا كەپتۇ. دەريانىڭ ئۇ ياقىسىدا بىر شەھەر بار ئىكەن. بالىلار دەريادىن ئۆتەلمەي قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ شەھەر ئاقسۇ ئىكەن. دەريانىڭ ئىسمى تارىم ئىكەن.

ئۇلار تارىم بويىدا قوي قوغلاپ يۈرگەن بىر قويچى بالىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

*قەشقەردىن كەلدۇق ئۈچىمىز،*
*ئۈچ لەگلەكتە يۈكىمىز،*
*ئاقسۇلۇق لەگلەكچىنىڭ،*
*تىزلىرىنى پۈكىمىز.*
*سەن قويچىمۇ، نوچىمۇ؟*
*سۆزلە جاۋاب كۈتىمىز!*- دەپتۇ.

ئۇلار يەنە قويچىغا ئۆزىنى، لەگلەكلىرىنى ماختاپ لاپ ئۇرۇپتۇ.



قويچى بالا تۇرۇپ كېتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

قەشقەردىن كەپسىلەر ئۈچىڭلار،
ئۈچ لەگلەكتە يۈكۈڭلار،
لەگلىكىمگە ئېسىلىپ،
بۇ دەريادىن ئۆتۈڭلار.



ئېسىلىشتىن قورقساڭلار،
ئىزا تارتىپ قېلىڭلار،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
قەشقەرگە يول ئېلىڭلار!

ئاشىقىن، تاشىقىن ۋە ئۇچقۇنلار بۇ گەپنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قاپتۇ. قويچى ئۇلارغا ئۆزى ياسىغان يەلكەندەك يوغان بىر لەگلەكنىڭ يىپىنى تۇتقۇزۇپ «دىققەت!» دەپ



تووۋلاپتۇ. ئۇلار يىپقا ئېسىلىپتۇ، ئەقلىگە كەلگەندە قارىسا لەگلەكتە دەريادىن ئۆتۈپ بولغان ئىكەن.

ئاشقىن، تاشقىن ۋە ئۇچقۇن قارشى قىرغاقتا تاماشا قىپتۇ، قىزىل كۆۋرۈكتە چاي ئىچىپ ئارام ئاپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ لاپ ئۇرغانغا پۇشايمان قىپتۇ.

ئۆچەيلەن ئاقسۇدا قويچىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئۇنىڭدىن يەلكەن لەگلەك ياساشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇلار ئۆگەنگەن بويىچە ئۆزى ياساپ ئاقسۇدا، ئونسۇدا، بايدا ئۇچۇرۇپ بېقىپتۇ. ئاندىن قويچى بالىغا رەھمەت ئېيتىپ ئارتۇچقا قايتىپتۇ.

ئاشقىن، تاشقىن، ئۇچقۇن ئارتۇچتا لەگلەكچى بالىلار بىلەن بىر قانچە كۈن ئويناپتۇ. ئۇلاردىن يوغان قاناتلىق ئۆلكەن لەگلەكلەرنى ياساشنى ئۆگىنىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار پات پات ئارتۇچقا ۋە ئاقسۇغا، كورلاغا لەگلەك ئۇچۇرۇپ بېرىپ ئويناپ كېتىدىغان بوپتۇ.



# شوخ باللار قاناتلىق



# مەن كەلدىم

چۆچەككە لىق شەھەردىن،
چۆچەك توشۇپ سەپەردىن،
ئاتلاپ نەچچە خەتەردىن،
چۆچەك ئېلىپ مەن كەلدىم.

چۆچەكتە بار بوۋاڭلار،
سېغىنىشلىق موماڭلار،
سېغىنغاننى سوراڭلار،
جاۋاب تېپىپ مەن كەلدىم.



چۆچەكتە بار ھېكايەت،
قۇشلار سۆزلەر رىۋايەت،
رىۋايەتلەر كارامەت،
سىرلار ئېچىپ مەن كەلدىم.

چۆچەككە يول ئالايلى،
سەپەرگە ئات سالايلى،
چۆچەك ئاڭلاپ قانايلى،
يوللار ئېچىپ مەن كەلدىم.

باغ ياسايلى چۆچەكتە،
چۆچەك ئېيتىپ بەس-بەستە،
چوڭلار قالسۇن ھەۋەستە،
تەكلىپ قىلىپ مەن كەلدىم.



# شوخ باللار قاناتلىق

بىر توپ بالا توۋلايدۇ،
تال چىۋىققا مىنىشىپ.
بىر-بىرىنى قوغلايدۇ،
چىپ-چىپ تەرگە چىلىشىپ.

ئاق تاش دېدى ئاق ئاتلىق،
كۆك تاش دېدى كۆك ئاتلىق،
سەپ تۈزۈپتۇ جايىدا،
شوخ باللار قاناتلىق.



# تىلم تېپشماق

ئاغمخان خانمۇ،
قوشۇنى بارمۇ،
ئەلنى سورامدۇ،
يوسۇنى بارمۇ؟

سېغىزخان خانمۇ،
يالغۇز خاقانمۇ،
قۇشلار ئېلىنى،
جەڭ قىپ ئالغانمۇ؟



بپلبجان جانكەن،
قۇمچاق جانسزمۇ،
ئوزۇق يەيدىكەن،
داستىخانسزمۇ؟

ئوغۇزخان ئەركەك،
ئوغۇلخان ئايال،
تىلىم تىپىشماق،
سورايمەن سوئال.





# مەسەل جن

نەشتەر چاچار كۆزلەری،
زەهەر تۆكەر سۆزلەری،
توڤرا باسقان يۈزلەری،
ئۆزی مەينەت ئوسال جن.

خوُيی تۆهمەت هەسەتتن،
بپشارەت يوق ئەدەپتن،
پوُتلايدوُ پەس هەڤەستن،
داغدام يولدا دوقال جن .



ئالداشمىش ئامراق ئىشى،
ياخشىنى چاپىنار چىشى،
سىڭمەيدۇ يېگەن ئېشى،
ساقىيالماس كېسەل جىن.

يىلانلاردەك چېچى بار،
قامچىلاردەك قېشى بار،
تاز قاپلىغان بېشى بار،
قورقۇنچاقتا ئەجەل جىن.

بۇ دۇنيادا ئىسمى يوق،
گېپى تولا جىسمى يوق،
قورققانغا قوش بولار،
مىسالى يوق مەسەل جىن.



# شەرق قارايدى

بۇلۇتلۇق ئاسمان،
ئاپتاپسىز، كۈنسىز.
شەرق قارايدى،
شەپسىز، ئۈنسىز.

شەرقتىن كەلدى،
بىر تەلۋە قۇيۇن.
سۇلدى گۈل-چېچەك،
سۇندى بەل، بويۇن.

يۈزلەردىن ئۆچتى،
كۈلكە، ئېسەنلىك.
بوش قالدى يۇرتلار،
ۋەيران چىمەنلىك.



باھار يىغلىدى،
ياز بولدى غايىب.
ھەر يەر زىمىستان،
زۇلمەت ئاجايىپ.

تىللار تۇتۇلدى،
دىللاردا نىدا.
تاغلارمۇ تىلسىز،
ياندۇرماس سادا.

تىمتاس ھەممە يەر،
ئۈنسىز باغ، ئورمان.
شوخ شامالمۇ جىم،
گاچا بۇ جاھان.



# كۆكتە ئۇچقان قارلىغاچ

كۆكتە ئۇچقان قارلىغاچ،
كەل، ماڭا قوينۇڭنى ئاچ.
ھېچ كىمىم يوق مەن غېرىب،
ياۋ دادامدىن ئايرىغاچ.

كۆكتە ئۇچقان قارلىغاچ،
كەل، ئۇچۇپ قولۇمغا قون.
مۇڭدىشايلى قانغۇدەك،
دەردلىشىپ ئۇزۇن، ئۇزۇن.



كۆكتە ئۇچقان قارلىغاچ،
كەل، يېتىم كۆڭلۈمنى ئۇت.
قاناتىڭغا خەت قىساي،
سەن ئۇچۇپ دادامغا تۇت.



كۆكتە ئۇچقان قارلىغاچ،
كەل يېقىن يېشىم تۆكەي.
چىقمىسۇن ھېچ بىر تاۋۇش،
ھېچ بىر ئىنسان بىلمىگەي.

كۆكتە ئۇچقان قارلىغاچ،
مەن تىلىڭنى ئۆگىنەي.
سايرىشايلى باغ ئارا،
كۈيلىشىڭدىن ئۆرگىلەي.

# گەپدان ئۆردەكلەر

شەربەت كۆلدە ئۈچ ئۆردەك بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنى بەكمۇ كۈچلۈك، گەپدان چاغلايدىكەن. ئۇلار دائىم غاقىلداپ كۆلگە كەلگەن باشقا قۇشلارغا گەپ بەرمەيدىكەن. قايسى قۇش ئۇلارغا يېقىن كەلسە چوقۇلاپ قوغلايدىكەن.

ئۆردەكلەر ئۆكتەم ئىكەن، كۆلنى يالغۇز سورايدىكەن. كۆلگە كەلگەن هايۋانلارنى قوغلايدىكەن، هاشارەتلەرنى يالمايدىكەن. ئۇلار هەتتا كىچىكلەر، چوڭلارغىمۇ ئارام بەرمەيدىكەن.



شەربەت كۆلدىن يىراق بىر مەھەللەدە ئۈچ دوست بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىسمى ئېقىن، چېقىن، سەلكىن ئىكەن. ئۇلار گەپدان ، باتۇر ۋە چاققان ئىكەن. ياز بويى ئۆستەڭدىن سۇ باشلاپ ئېرىقلارنى ياسايدىكەن. سۇنى باغلارغا باشلايدىكەن.

بىر كۈنى قىشتا قاتتىق سوغۇق بوپتۇ. ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە دەريالار توڭلاپتۇ. ئېقىن، چېقىن ۋە سەلكىنلەر مەھەللىدە زېرىكىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىراققا يۈگۈرۈپ ئىسسىنايلى دەپ قارار قىپتۇ.

ئۈچەيلەن يوللاردا بىر بىرىنى قوغلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ شەربەت كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. كۆلنىڭ بويىدا پىلدىرلىغۇچ، پاخپاق ئۈيناپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن ئۈچ ئۆردەك چىدىماي قاپتۇ.



ئۆردەكلەر باللارنى قوغلاش ئۈچۈن يىراقتىن غاقىلداپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. باللار ھېچ پەرۋاسىز ئويۇنغا داۋام قىپتۇ. ئۆردەكلەر يېقىنلاپ ھۈرپىيىپ بىقىپتۇ، ئېتىلىپ بىقىپتۇ. باللار ھېچ قورقاي دىمەپتۇ.

ئۆردەكلەر باللارنى كۈچ بىلەن قورقۇتالماي، گەپ بىلەن يەڭمەكچى بوپتۇ. ئۇلار ئاخىرى قوشاق ئېيتىشماقچى، كىم يېڭىلسە شۇ كۆل بويىدىن كەتمەكچى بوپتۇ.



ئۆردەكلەر ئاۋۋال باشلاپ:

غاق غاق غاق،
تالا بەك سوغاق.
ئاغرىپ قالماڭلار،
تۇرۇڭلار ساپساق.
ئۆيگە قايتىڭلار،
يولۇڭلار يىراق.

دەپتۇ.



باللار ئۆردەكلەرگە:

غاق غاق،
تېنىمىز ساپساق،
سوغدىن قورقمايمىز،
ئوينايمىز ئۇزاق.

دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.



ئۆردەكلەرمۇ بوش كەلمەي:

**غاق غاق غاق،**
**يەرلەر تىپىلغاق.**
**كۆلگە تىپىلساڭ،**
**چىقىدۇ چاتاق.**
**سۇدىن چىقالماي،**
**ئۆلمە قورقۇنچاق.**

دەپتۇ.





بالىلار:

غاق غاق غاق،
دېمە قورقۇنچاق.
كۆلدە ئۈزۈشنى،
بىلىمىز قانداق.
قورقۇتما بىزنى،
قىلمىغىن مازاق.

دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

ئۆردەكلەر:

غاق غاق غاق،
بولماڭلار ئاخماق،
ئۈزۈشكە بىزدىن،
ئۈبلىڭلار ساۋاق.

سۇ ئۈزۈش ئەمەس،
پاخپاق ئويىناق.
بىز دەك ئۆزەلمەي،
سۇغا چۆمەلمەي،
چۆكۈپ كەتمەڭلار،
قىلماڭلار چاقچاق.

دەپتۇ.

باللار:

غاق غاق غاق،
قىلمىدۇق چاقچاق،
كۆلدە ئۈزۈشتە،
پەخەسمىز ھەر ۋاق.



*سوغدىن قورقمايمىز،*
*كۆلدىن كەتمەيمىز،*
*سۇغا يىقىلساق،*
*ئۈزۈپ چۆكمەيمىز.*

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۆردەكلەر بۇ قوشاقتا قوشاق بىلەن جاۋاب بېرەلمەي بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئويلاپمۇ بالىلارغا گەپ تېپىپ بېرەلمەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار يېڭىلگەننى تەن ئاپتۇ، ھېچكىمنى قوغلىيالماي بىللە ئويناشقا كېلىشىپتۇ. شۇندىن كېيىن بالىلارمۇ، ھايۋانلارمۇ، قۇشلارمۇ، ھاشارەتلەرمۇ شەربەت كۆلدە بىللە ئوينايدىغان بوپتۇ.



